
دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر
ۋاكاكا بىلەن ئېيتىشىنىڭ
ئۇچار بېلىققا ئۆزگىرىشى
تۇرغا
چۈشۈش
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى





图书在版编目(CIP)数据

陷入罗网：维吾尔文 / 黎程程编；哈斯亚提·阿布来提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.5
（博士妈妈讲故事）
ISBN 978-7-5469-1357-5

Ⅰ. ①陷… Ⅱ. ①黎… ②哈… Ⅲ. ①连环画 – 作品 – 中国 – 现代 Ⅳ. ①J228.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 088974 号

丛 书 名　博士妈妈讲故事
书　　名　陷入罗网
主　　编　黎程程
译　　者　哈斯亚提·阿布来提
责任编辑　迪丽努尔·阿布都热合曼
责任校对　古丽巴哈尔·托合塔木
制　　版　乌鲁木齐标杆集书刊设计有限公司
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880 mm × 1230 mm　1/24
印　　张　2
版　　次　2011 年 5 月 第 1 版
印　　次　2011 年 6 月 第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-1357-5
总 定 价　58.00 元（全十册）



ساردىنا بېلىقلىرى قىستىلىشىپ، سەپ ھاسىل قىلىپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندا، ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىل ۋە بېلىق، راكلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن:

— توختاڭلار، توختاڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىر ساردىنا بېلىقى ئۈزۈۋاتقاچ ۋارقىراپتۇ:

— كۆپچىلىك دىققەت، بىر، ئىككى، ئۈچ، ئەسلىي جايدا بۇيرۇق كۈتۈڭلار.

ساردىنا بېلىقلىرى دەرھال توختاپتۇ، ئۇلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي بىرئاز جىددىيلىشىپ قاپتۇ.

— سىزدىن سوراپ باقاي، بىز سىلەرنىڭ سېپىڭلارغا قېتىلساق بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەيشىشى ئېھتىيات بىلەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



ساردىنا بېلىقلىرى بۇٔنى ئاڭلاپ، خۇٔشاللىقىدىن بەس ـ بەس بىلەن چۇٔرقىرىشىپتۇٔ:

ــ قارشى ئالىمىز، يېڭى دوستلار.

ــ قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز.

ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىل خۇٔشال بولۇٔپ:

ــ بەك ياخشى بولدى، ــ دېيىشىپتۇٔ.

ئىككى بېلىق خۇٔشال بولۇٔپ ئۇٔسسۇٔل ئويناپتۇٔ، بېلىقلار ۋە راكلار خۇٔشاللىقتا ئۇٔ ئىككىسىنى ئارىغا ئېلىپ چۆرگىلىشىپتۇٔ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ساردىنا بېلىقلىرى خۇشال بولۇشۇپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ، دېڭىز تەكتى خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمۈلۈپتۇ. ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىل ۋە بېلىق، راكلار بىرئاز خىجىل بولۇپ:

— ۋاي ـ ۋۇي، نېمانداق قىزغىن.

— ھەقىقەتەن خىجىل بولۇۋاتىمەن، — دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا، بىر شوخ ساردىنا بېلىقى
ئۈزۈپ كېلىپ، ۋاكاكانىڭ ئۈزگۈچىنى
كۆرسىتىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:
— هوي، بۇ نېمە؟ نېمىشقا بىزدە يوق؟



ۋاكاكا بۇ ساردىنا بېلىقىنى ئەدەپسىزكەن، دەپ سوئالىغا پىسەنت قىلماپتۇ.

— ئۇ ئۇچار بېلىق ئاكىمىزنىڭ «قانىتى»، — دەپتۇ بىر راك چۈشەندۈرۈپ.

بىراق، ساردىنا بېلىقى چۈشەنمەي، يەنە:

— «قانات»نى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.



باشلامچى ساردىنا بېلىق ھەم ئۈزۈپ
كېلىپ كىچىك ساردىنا بېلىقىغا:
— ئۇلار گۈزەل ئۇچار بېلىقلار، بىزنىڭ
مېھمانلىرىمىز، — دەپتۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەيششى بۇنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەن هالدا ئۇنىڭدىن:

ــ ساردىنا بېلىق ھەدە، سىلەر ھەمىشە مۇشۇنداق ئە-
دەپلىكمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئەلۋەتتە، بىز بىر ئىناق ئائىلىدە ياشايمىز،
ھەربىر بېلىق جەزمەن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، بىردەك
ھەرىكەت قىلىشى كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندىلا،
بىز ئاندىن ناچار مۇھىتتىمۇ ياشىيالايمىز، ــ
دەپتۇ ساردىنا بېلىق ھەدە پەخىرلىنىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سارىنا بېلىق ھەدىسىنىڭ بۇ سېلىشتۇرمىسىدىن ئەيشىشى بىر ئاز خىجىل بوپتۇ، ئۇ قورۇنغان ھالدا:

— بىراق، مەن ئويۇنچۇق تالىشىپ دائىم ئاكامنىڭ چىشىغا تېگىمەن، بەزىدە شوخلۇق قىلىپ ئانامنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۇرۇپ قويىمەن، — دەپتۇ. بېلىقلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ پىچىرلىشىپتۇ:


— ھە، چوقۇم ئۇچار بېلىقنىڭ ئاكىسى سىڭلىسىنى بوزەك قىلىدىكەن.

— شۇنداق، ئۇ قالايمىقانچىلىقنى ياخشى كۆرىدىكەن.

ۋاكاكا كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدىگە پەقەت قايىل بولماپتۇ.



ساردىنا بېلىق ھەدە ئالدى ـ
كەينىگە ئۈزۈپ، مېھرىبانلىق بىلەن:
ــ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، كۆپچىلىك، ئەگىشىپ مې-
ڭىڭلار، سەپتىن چۈشۈپ قالماڭلار! ــ دەپتۇ.
ئەيشىشىمۇ ئاكىسى ۋە بېلىق، راكلارنى:
ــ تېز بولۇڭلار، بىزمۇ سەپتىن چۈشۈپ
قالمايلى يەنە! ــ دەپ چاقىرىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

ساردىنا بېلىق توپى تەرتىپلىك ھالدا ئىلگىرىلەپتۇ. ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىل ۋە بېلىق، راكلار سەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋاپتۇ، ئەيشىشى ساردىنا بېلىق ھەدىگە ئامراق بولغاچقا، ئۇنى تارتىپ:

ــ مەن بىرئاز قورقۇۋاتىمەن، ــ دەپتۇ.

ساردىنا بېلىق ھەدە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

ــ قورقماڭ، بىز بىر ئىناق كوللېكتىپ، كۆپچىلىك بىرلەشسەك كۈچىمىز تېخىمۇ ئاشىدۇ، ــ دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ چاغدا، قاپقاراڭغۇ دېڭىز ئۇشتۇمتۇت يورۇپ كۆزنى چاقنىتىپتۇ. ساردىنا بېلىقلىرى بىر ئاز ئەندىشىگە چۈشۈپ، توختىماي مۇنازىرىلىشىپتۇ.

ــ بۇ نېمە ئىش؟ دېڭىز نېمانچە تېز يورۇپ كېتىدۇ؟ ــ ھەيرانلىق بىلەن سوراپتۇ ۋاكاكا.

ــ بەك ياخشى بولدى، تاڭ ئاتتى، بىز بىرلىكتە سۇ ئۈزۈپ ئويناساق بولىدۇ، ــ دەپتۇ ساردىنا بېلىق ھەدە.

بېلىقجانلارمۇ خۇشال بولۇشۇپ:

ــ ۋاھ! بىز ئوينىيالايدىغان بولدۇق، ــ دېيىشىپتۇ.




www.uyghurkitap.com



ساردىنا بېلىقلىرى ناھايىتى ھاياجانلىنىپ
كېتىپتۇ، بەزى بېلىقلار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ
كۇسۇرلىشىپتۇ؛ بەزى بېلىقلار ئۇسسۇل ئويناپتۇ؛
ساردىنا بېلىق ھەدە سەپتىكى قالايمىقانچىلىقنى كۆرۈپ:
— كۆپچىلىك، تىنچلىنىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىر يورۇقلۇق نۇرى ئىچىدە، ساردىنا بېلىق ھەدە سەپىنىڭ ئالغا ئىلگى-رىلىشىگە قوماندانلىق قىپتۇ ۋە:

— تاڭ بالدۇرلا يورۇپ كەتتى، كۆپچىلىك يېشىڭلار بويىچە سەپكە تىزىلىڭلار، قەدىمىڭلارنى بىردەك ئېلىپ، قوماندانلىققا بويسۇنۇڭلار، رەت بويىچە ئۈزۈپ سۇ يۈزىگە چىقىمىز، — دەپتۇ.

بېلىق، راكلار تەقەززارلىق بىلەن ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپتۇ:

— بەك ياخشى بولدى.

— مەن بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن، بۇ قېتىم مەن ئالدىدا مۆكەي، سەن مېنى تاپقىن.

ئەيشىشى كۆزىنى ئېتىۋېلىپ:


— بەك يورۇقكەن، مەن كۆنەلمەيۋاتىمەن؟ — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ساردىنا بېلىقلىرى رەتلىك سەپ بولۇپ، سۇ يۈزىگە قاراپ ئۈزۈپتۇ. ۋاكاكا قاتارلىقلار سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساردىنا بېلىقلىرىغا ئەگىشىپ ئۈزۈپتۇ. بىراق، كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن، قاراڭغۇ سۇ يۈزىدە بىر بېلىقچى كېمىسى تور تاشلاپ، ساردىنا بېلىقى توپىنىڭ تورغا چۈشۈشىنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كېمىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چىراغدىن چىققان كۈچلۈك نۇر دېڭىز سۈيىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگىچە يورۇتىپتۇ، ساردىنا بېلىقلىرى چىراغ نۇرىغا جەلپ بولۇپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بېلىقچىلار ئالدىنقاچان تەييارلاپ قويغان «خالتا»غا چۈشۈپتۇ. شۇ تاپتا بىر غايەت زور تور ۋاكاكا، ئەيشىشىنى ئۇلارنىڭ دوستلىرى بىلەن قوشۇپ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ، پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى تورغا چۈشمىگەن بېلىقلار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپتۇ، تۇتۇلۇپ قالغان بېلىقلار بىر يەرگە توپلىشىپ، ياش تۆكۈشۈپتۇ.





بېلىقچىلار تۇتۇلۇپ قالغان بېلىقلارنى چوڭ بىر بىلىقدانغا قاماپ قويۇپتۇ، ئەتراپتىكى بىرنەچچە ئۇششاق بېلىق ھەسرەتلىنىپ ئاھ ئۇرۇپتۇ، يىغلىشىپتۇ، ئەيشىشمۇ قورقۇپ يىغلاپ:

— ئاكا، ساردىنا بېلىق ھەدە، بېلىجانلار، راكلار، سىلەر قەيەردە؟! — دەپ تۇۋلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ساردىنا بېلىق ھەدە ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۈزۈپ كېلىپ:

— بىز بۇ يەردە، — دەپتۇ.

ئەيشىشى ساردىنا بېلىق ھەدىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ئازابلىنىپ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ:

— ھۇ... ھۇ، مەن ئەنسىرەۋاتىمەن، قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، — دەپ يىغلاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساردىنا بېلىق ھەدىسىنىڭ پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈپ:

ــ بىز ساردىنا بېلىقلىرى يورۇق جايلاردىن يىمەكلىك تېپىشقا، ئويناشقا ئامراق ئىدۇق. رەزىل ئىنسانلار بىزنىڭ بۇ ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، كەچ كىرگەندە، كېمىنىڭ يېنىغا چىراغ بېكىتىپ، بىزدە تاڭ ئېتىپتۇ، دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىپتۇ، ئاندىن ئۇلار تورنى تەييارلاپ، بىزنى تورغا چۈشۈرۈپتۇ، ــ دەپتۇ.

ئەيشىشى بۇنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ.



ئەيشىشى چۈشىنەلمەي:

— بىراق، سىلەر شۇنچىۋالا كىچىك تۇرساڭلار، ئادەملەر سىلەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ ئۇلار بىزنى قويۇپ بېرەرمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ساردىنا بېلىق ھەدە بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئازابلىنىپ:


— بىز ھەقىقەتەن كىچىك، بىراق بىزنىڭ تېنىمىزدە كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كېرەكلىك ئاقسىل، ۋىتامىن ھەم تۆمۈر، كالتسىي قاتارلىق ئىنتايىن قىممەتلىك مىنېرال ماددىلار بار، — دەپتۇ.



ئەيشىشى ئاچچىقىدا ئۆزىنى باسالماي:

— ھازىر بېلىق تۇتۇش چەكلەنگەن مەزگىل، ئەجەبا كىشىلەر بىزنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com



ساردىنا بېلىق ھەدە تەمكىنلىك بىلەن:

— ئاڭلىسام ئىنسانلار بىزنى مەززىلىك مۇرابباغا ئايلاندۇرىدىكەن، تەنەرخىنى تېجەش ئۈچۈن، بىزنىڭ بىر نەچچە قېرىندىشىمىزنى بىر كىچىك قۇتىغا سولاپ قويىدىكەن، بىز بىچارىلەر ھايات ۋاقتىمىزدا ئىنتىزامغا، ئەدەپ ـ قائىدىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ شۇ خىل شەكىلنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇرلىنىدىكەنمىز، — دەپتۇ.

ئەيشىشى ناھايىتى ئازابلىنىپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە كىشىلەر ئادەتتە تىلغا ئېلىشىدىغان «ساردىنا بېلىقى كونسېرۋاسىدەك قىستا ـ قىستاڭكەن» دېگەن گەپ مۇشۇنداق كەلگەن ئىكەندە، ئۇلار نېمە دېگەن بىچارە، دەپ ئويلاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلارنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتەن ئويلاپ باقماپتىمەن، — دەپتۇ ئەيشىشى ئازابلىنىپ.



ساردىنا بېلىق ھەدە يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئەيشىشىگە:

ــ بىز ساردىنا بېلىقلىرى كىچىك بولساقمۇ، ئىرادىمىز كۈچلۈك، ھەرگىزمۇ ئىنسانلارغا بوي ئەگمەيمىز، ــ دەپتۇ.

ۋاكاكا، راكلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئالقىش ياڭرىتىپتۇ. كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن:

ــ ئېيتقىنى توغرا، ساردىنا بېلىقى ھەقىقەتەن قەيسەر، ــ دەپ ماختىشىپتۇ.



ئەيششى دوستلىرىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ:

ــ سىلەرمۇ بۇ يەرگە كەلدىڭلارمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

راكلار قەتئىيلىك بىلەن:

ــ بىراق، بىز قورقمايمىز، ئازراقمۇ قورقمايمىز!ــ دەپتۇ.

ۋاكاكامۇ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ:

ــ توغرا! بىز ئىنتايىن قەيسەر! ــ دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سەل تۇرۇپ بىر ئادەم بۇ يەرگە چوڭ بېلىق قويۇۋېتىدۇ، ئۇلار قاپقاقنى ئاچقان ھامان سىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ ساردىنا بېلىق ھەدە ئەيشىشىغا.





ئەيشىشى بۇ ئىشتىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ:

ــ نېمە، نېمە، نېمە دېدىڭىز؟ كىم بۇ يەرگە چوڭ بېلىق قويۇۋېتىدۇ، نېمىشقا؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

راكلار ساردىنا بېلىق ھەدىنىڭ بۇ گېپىنى چۈشىنەلمەي بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



بۇ چاغدا، ئۇستى تەرەپتىن «تاراق - تۇرۇق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، بېلىق ساندۇقىنىڭ قاپقىقى ئېچىلىپتۇ. يورۇقتىن ھەممەيلەن كۆزلىرىنى ئوۋۇلۇشۇپتۇ. بىر ئادەم ساندۇق ئىچىگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كۇلگىنىچە ئۆز - ئۆزىگە: «ھى ھى، ھى، ۋاقتى كەپتۇ، چوڭ بېلىقنى قويۇ-ۋەتسەك بولغۇدەك» دەپتۇ.



ساردىنا بېلىق ھەدە ئۇلارنى:

— تېز سەكرەڭلار، ئەمدى كېچىكسەڭلار ئۇلگۇرەلمەي-
سىلەر! — دەپ ئالدىرىتىپتۇ.

بېلىق، راكلار ئۇچار بېلىق ئاكا - ھەدىسىنىڭ
كېتىشىنى ئويلاپ، كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ يىغلىۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەيشىشى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ:

— چوڭ بېلىقنى قويۇۋېتىپ نېمە قىلىدۇ؟

ساردىن بېلىق ھەدە جىددىيلىشىپ:

— ھازىر بۇنى دەيدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئەھۋال خەتەرلىك، سىلەر تېز سەكرەپ چىقىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ.



ئەيشىشى قەتئىي هالدا:

ــ بولمايدۇ، بىز ھەممىمىز بىر كوللېكتىپ، ــ دەپتۇ.

ــ توغرا، كۆپچىلىك بىلەن دەرتنى تەڭ تارتىمىز، ــ دەپتۇ ۋاكاكامۇ.

بېلىق، راكلار ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىللىنىڭ ئىرا- دىسىدىن تەسىرلىنىپ:

ــ بەك تەسىرلەندۇق، ھۇ ھۇ ھۇ، ــ دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بۇ چاغدا، بېلىق ساندۇقىنىڭ يېنىغا بايا كەلگەن ھېلىقى ئادەم قولىدا چوڭ بىر بېلىقنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— دوستۇم، بۇ ساردىنا بېلىقلىرىنى ساڭا تاپشۇردۇم، ياخشى ياشا، مەن سېنى ساقلىتىپ قويماي، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ھېلىقى ئادەم چوڭ بېلىقنى ساندۇقنىڭ
ئېغىزىغا ئەكىلىپتۇ. ئۇ بېلىق مۇغەمبەرلەرچە
كۈلۈپتۇ:

— ھى، ھى، ھى، مېنىڭ بىگىسمنى كۆرۈڭلار.

بېلىقداندىكى بېلىقلار ھېلىقى چوڭ بېلىقتىن
قورقۇپ قالايمىقان ۋارقىرىشىپتۇ:

— ياق، ياق!

— يوقال، ئەبلەخ.

ھېلىقى ئادەم چوڭ بېلىقنى بېلىقدانغا قويۇۋېتىپتۇ. چوڭ بېلىق بېلىقدانغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ياپىپىشىل نۇر چىقىپ تۇرىدىغان كۆزىنى بېلىجانلارغا تىكىپ:

— سىلەر مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭلار، كىم ئاڭلىمايدىكەن، ھى، ھى، مەن ئۇنىڭغا تۇزۇت قىلىپ يۇرمەيمەن، — دەپتۇ.

ساردىنا بېلىقلىرى ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كېتىپتۇ، بەزىسى كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ.



دەننى تاغىنىڭ خىزمەت ئۆيىدە ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىل يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، چىرايى جىددىيلىشىپ كەتكەن ۋاكاكا مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ ۋاقىراپتۇ:

ــ ئەسكى، ئەبلەخ، يوقال!

ــ قانداقراق؟ ــ سوراپتۇ ئۇلارنىڭ ئانىسى جىددىيلىشىپ داننى تاغىدىن.

ــ بەك ياخشى بولدى، پىروگراما ئاخىرى تەڭشەلدى، ــ دەپتۇ دەننى تاغا كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا.





www.uyghurkitap.com

ۋاكاكا ۋارقىراپتۇ:

— سەن بىلەن تۇتۇشمەن! سېنىڭ يەنە باشقىلارنى بوزەك قىلغىنىڭنى كۆرۈپ باقاي!

— ئاكا ئېھتىيات قىل، چوڭ ئەبلەخ ئۇزۇپ كېلىۋاتىدۇ، — ۋارقىراپتۇ ئەيشىشى.

دەننى تاغا ئۇلارنىڭ ئانىسىغا ئىزاھات بېرىپ:

— ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى بىر ئاز ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىدى...

دەننى تاغىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، ئانىسى ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ:

— ئاپلا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟





دەننى تاغا ۋاكاكالارنىڭ ئانىسىغا تەسەللى بېرىپتۇ:

— ئەنسىرىمەڭ، مەن لايىھەلىگەن سىستېما ئىنتايىن مۇكەممەل، ئۇلار جىددىي ئەھۋالغا يولۇققاندا مۇرىسىدىكى كۇنۇپكىنى بىرلا باسسا خەتەردىن قۇتۇلـ
دۇ. ئانا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— ئەجەب ياخشى بولدى، ئەمىسە ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويايلى، — دەپتۇ.



## ساردىنا بېلىقى



ساردىنا بېلىقىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ماي 14 پىرسەنت، ئاقسىل 18پىرسەنت، بۇنىڭدىن باشقا ئانئورگانىك ماددىلار ۋە ۋىتامىن A، D، E قاتارلىقلار بار. ساردىنا بېلىقىنىڭ تەمى مەززىلىك بولۇپ، ياۋروپا، ئامېرىكا ھەم ياپونىيە قاتارلىق جايلاردا ساردىنا بېلىقىدىن كونسېرۋا ياسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ساردىنا بېلىقى يەنە بېلىق مېيى ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدۇ، سوپۇن ياساش ۋە مېتال تاۋلاشقا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، يەمچۈك قىلىشقىمۇ بولىدۇ. تىنچ ئوكياندا ساردىنا بېلىق مەنبەسى ئىنتايىن مول بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى تۆت مىليون توننىدىن ئاشىدۇ، تور تاشلاپ زور مىقداردا ساردىنا بېلىقى تۇتۇلغاچقا، تۇتۇش چەكتىن ئېشىپ كەتتى. بۇ دېڭىز ـ ئوكياننىڭ ئېكولوگىيەسىگە زور بۇزغۇنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ، بىر يۈرۈش مۇھىم مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى.



## كېيىنكى قىسمىنىڭ مەزمۇنى

«ياۋۇز ئامورسۇم بېلىقى»: ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىل ۋە ساردىنا بېلىقلىرى بېلىقچىلارغا تۇتۇلۇپ قېلىپ، بىر چوڭ بېلىقدانغا سولانغاندىن كېيىن، بېلىقچىلار ساردىن بېلىقىنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بىر چوڭ بېلىقنى بېلىقدانغا قويۇپ بېرىدۇ، ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىل ھەم ساردىن بېلىق ھەدە بۇ ئاچ كۆز بېلىق بىلەن جىددىي كۆرەش قىلىدۇ، ئۇلار بۇ ياۋۇز بېلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلالامدۇ ـ يوق؟ كىچىك دوستلار، تېز كېلىڭلار، بىز ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشغا مەدەت بېرەيلى.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


بىلىم ـــــ قولىڭىز يېتىدىغانلا جايدا.

بۇ كىتاب سىزگە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ كىتاب بالىلارنى ئىلىم ـ پەن قەسرىگە باشلاپ بارىدۇ.





**مەجمۇئە نامى:** دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

**كىتاب نامى:** تورغا چۈشۈش

**تۈزگۈچى:** لى چېڭچېڭ

**تەرجىمە قىلغۇچى:** خاسىيەت ئابلەت

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** دىلنۇرئابدۇراخمان

**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۈلباھار توختەم

**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى كىتاب لايىھەلەش چەكلىك شىركىتى

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 880mm × 1230mm    1/24

**باسما تاۋىقى:** 2

**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-1357-5

**ئومۇمىي باھاسى:** 58.00 يۈەن (جەمئىي ئون كىتاب)

ISBN 978-7-5469-1357-5

9 787546 913575 >

总定价:58.00 元 (全十册)

5.80